# قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

تېز تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت بىيولوگىيە بىخەتەرلىكى قانۇن - نىزام سىستېمىسى، تۈزۈم كاپالىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلغان سەھىيە ۋە ساغلاملىق خىزمىتى فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىم تەييار تۇرۇش، بوشاشماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈپ، كىچىك كېسەلنىڭ چوڭ يۇقۇم پەيدا قىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش قاتارلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىش كېرەك. خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە ئېغىر، زور خەۋپ - خەتىرىگە تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش، باھالاش، تەدبىر بەلگىلەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇمغا جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەركەزلىك، بىرتۇتاش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك رەھبەرلىك، قوماندانلىق سىستېمىسىنى ئورنىتىش كېرەك. ئىلمىي تەتقىق قىلىش، كېسەلنى كونترول قىلىش، كلىنىكىلىق داۋالاشنى ئۈنۈملۈك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىگە، قاتلامغا، تارماققا ئايرىلغان يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، بۇلۇت ھېسابلاش قاتارلىق رەقەملىك تېخنىكىلارنى قوللىنىشقا ئىلھام بېرىپ، يۇقۇمنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، تەھلىل قىلىش، ۋىرۇس مەنبەسىنى ئىزدەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش، بايلىقلارنى تەڭشەپ تەقسىملەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تىرەكلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش، تېببىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي يۈزبەرگەن يۇقۇم قاتارلىق جىددىي ئەھۋاللاردا، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئاۋۋال قۇتقۇزۇش - داۋالاش، ھەققىنى كېيىن ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ھەم داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى باشقا جايدا دەرھال راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئالاھىدە كىشىلەر توپى، ئالاھىدە بېكىتىلگەن كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ داۋالىنىش، دورا خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندى ۋە ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت مەبلىغىنى ئىشلىتىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى بىلەن داۋالاش مۇلازىمىتىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالىتىنى دۆلەتنىڭ جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش - باشقۇرۇش سىستېما قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەت مېخانىزمى ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى تېز تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كېرەكلىك مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كاپالىتى ۋە رايون ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ھالقىلىق پەيتتە يۆتكەپ چىقىلى بولۇش، ئىشلەتكىلى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دۆلەت زاپاس ساقلاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش - تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىناتى كاپالىتى تورىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈملۈك، بىخەتەر، تىزگىنلىگىلى بولىدىغان قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش، يوچۇقلارنى ئېتىش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە، جەزمەن تۈزۈم قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسنى تۇتۇپ، تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش - سەھىيە بايلىقى سېلىنما قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى يېتىشتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇش - داۋالاش قاتارلىق تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرگە تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش، باھالاش، تەدبىر بەلگىلەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور يۇقۇمغا جىددىي تاقابىل تۇرۇش لايىھەسى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تاسادىپىي يۈزبەرگەن ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش، باشقۇرۇش چارىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېغىر، زور يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەلالاشتۇرۇپ، دەرىجىگە، قاتلامغا، تارماققا ئايرىلغان يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇم ئەھۋالى بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئېغىر كېسەل داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ۋە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئالاھىدە كىشىلەر توپى، ئالاھىدە بېكىتىلگەن كېسەللىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ داۋالىنىش، دورا خىراجىتىنى كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى بىلەن داۋالاش مۇلازىمىتىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا كاپالەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشقا كېرەكلىك مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى كاپالىتى ۋە رايون ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، دۆلەت زاپاس ساقلاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش - تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئورنىتىش كېرەك. سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى ئالاقىدار قانۇن - نىزام قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

شۇنى ئېنىق كۆرۈش كېرەككى، بۇ قېتىمقى يۇقۇم بىزگە ئاممىۋى سەھىيەدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى جەزمەن تولۇقلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇردى. «ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارنى ئوۋلاش كەسپى» ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە ئېغىر، زور يوشۇرۇن خەۋپ شەكىللەندۈردى، شۇڭا قانۇنسىز ئېچىلغان ياۋايى ھايۋانلار بازىرى ۋە سودىسىنى جەزمەن قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ۋە قاتتىق زەربە بېرىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى خالىغانچە يەيدىغان ناچار ئادەتنى قەتئىي تۈگىتىپ، ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە خەۋپ - خەتىرىنى مەنبەدىن تىزگىنلەش كېرەك. جەزمەن دۆلەتنىڭ زاپاس ساقلاش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى سىستېمىلىق رەتلەپ، زاپاس ساقلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرى، كۆلىمى، قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي تەڭشەپ، زاپاس ساقلاشنىڭ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

«قانۇن ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈم كۆرسەتمەيدۇ». تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرغاندا، تۈزۈم ئېڭىنى تۈزەش سەۋىيەسىگە ئايلاندۇرغاندا، ئاندىن تۈزۈمنىڭ قۇدرىتىنى تولۇق قويۇپ بەرگىلى بولىدۇ. تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە، جەزمەن كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، نېپىز مۇزنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك ئېھتىياتچانلىق، غازاڭنى كۆرۈپ كۈزنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك سەزگۈرلۈكنى ھەر ۋاقىت ساقلاپ، ھەم ئۆزى مەسئۇل بولغان ساھە ئىچىدىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەردىن يۈكسەك ھوشيار تۇرۇپ ۋە مۇداپىئەلىنىپ، ھەم پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرىدىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بىرىنچى ۋاقىتتا پىكىر ۋە تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك؛ جەزمەن تۈزۈم ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئۆستۈرۈپ، قاتتىق ھالدا تۈزۈم بويىچە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىش، ھەرىكەتنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مۇقىملىقنى قوغداش، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ جەزمەن خىزمەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ساھەدىكى كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، ئۆزىنى كەسىپ بىلىدىغان رەھبەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، ئاكتىپ ھالدا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق بىر قېتىملىق غايەت زور تارىخىي ئاپەتنىڭ ئورنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن تولۇقلىنىدۇ.» جۇڭخۇا مىللىتى ئاپەتتىن تەجرىبە ۋە ساۋاق يەكۈنلەشكە، ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ - قۇدرەت قوبۇل قىلىشقا ماھىر مىللەت. بۇ مەيدان ئازاب - ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىز چوقۇم تېخىمۇ قەيسەر، تېخىمۇ يېڭىلمەس بولىمىز. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن، داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ قەشقەر توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەت لايىھەسىنى تەپسىلىي تۈزۈپ، قاتتىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇداپىئەلىنىش بويىچە دائىرىلىك» باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، مەخسۇس ئادەم قويۇپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، سىگنال بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ھەر كۈنى مەيدانغا كىرگەن قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ سالامەتلىكىنى تىزىملىدى، قەرەللىك ھالدا ئىش بېجىرىش رايونى، تۇرمۇش رايونى، قۇرۇلۇش رايونىنى دېزىنفېكسىيە قىلدى، يەنە قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا بىر ھەپتە بۇرۇن توردا بىخەتەرلىك تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، يەرلىك خادىملارنى تەشكىللەپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايون بۇ يىل يولغا قويغان بىر تۈرلۈك نۇقتىلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قىش پەسلىدە كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش قىس بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىپ، شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىدا پار بىلەن تەمىنلەش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ئېلېكترلەشكەن شىنجاڭنىڭ نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلدۇ.

2019 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە «ئۈچ ۋىلايەت، ئىككى ئوبلاست» يېزا ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە «كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش» قۇرۇلۇشىدىن 99 ى يولغا قويۇلۇپ، جەمئىي 190 مىڭ ئائىلىنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇشى تاماملانغان.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىپ، ئاممىۋى تىزگىنلەپ، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئىقتىدارى ئارقىلىق، تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ ئىنچىكە، پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىشنى ئالغا سىلجىتتى، شىنجاڭدا يۇقۇم دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ قېلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى.

ۋاڭ شۈتاۋ كېيىنكى قەدەمدىكى شىنجاڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جەزمەن سەگەكلىكنى ساقلاپ قىلچە بېپەرۋالىق قىلماي، بوشاشماي ھەم ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ھەم يۇقۇمنىڭ قايتا يامرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، گوۋۇيۈەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار لايىھەسى ياكى تېخنىكا كۆرسەتمىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شىنجاڭغا كەلگەن، شىنجاڭغا قايتقان خادىملارنى تولۇق تەكشۈرۈش ۋە ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، كۈندىلىك كۆزىتىپ ئۆلچەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇش، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى ۋە تۇنجى دىياگنوز قويغۇچى دوختۇرلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. بىز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتىما ئىنكاس قىلغان پىكىرلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توغرىسىدىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىشىمىزنى چىڭ چىشلەپ، داۋاملىق جەڭ قىلىمىز. ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرنى ئىلمىي ئىگىلەپ، بوشاڭلىق، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، بوششىش، بىزار بولۇش كەيپىياتىنى قەتئىي يېڭىپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە، قوشۇننى قەتئىي قايتۇرمايمىز. قىلچە بوشاشماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىمىز. كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پۇختا، تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۆرسەتمىسىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خادىملارنى شىنجاڭغا قايتىشقا تەرتىپلىك تەشكىللەپ، سىياسەت جەھەتتىن يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، نىشان - ۋەزىپىلەرنى قەرەلىدە قەتئىي تاماملايمىز. تېرىقچىلىق مەزگىلگە دەخلى يەتكۈزمەي، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتىمىز. خەلق تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ئاممىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز. تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سىياسەت - تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېببىي خادىملارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىمىز. ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى شىنجاڭغا قايتىشقا تەرتىپلىك تەشكىللەيمىز. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە مەكتەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، توردا ئوقۇتۇشنى ئىلمىي، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرىمىز. تەشۋىقات - تەربىيە جەھەتتە يېتەكلەشنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، ئىشەنچنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىپ، خەلق قەلبىنى مۇجەسسەملەيمىز. پارتىيەنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تىيەن ۋېن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، گوۋۇيۈەن 30 - خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، ئەزالىرى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

16 تۈرلۈك تەدبىرنى يولغا قويۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قوللىغان ۋە مۇلازىمەت قىلغان. پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمدىن ساقلىنىش بۇيۇملىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار داۋالاش بۇيۇملىرى ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەيدىغان نۇقتىلىق كارخانىلارنى پۈتۈن جەريانلىق كرېدىت بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ مەمۇرىي تەستىق تەرتىپىنى ئۆزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، مەمۇرىي تەستىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنى «توردا پۈتۈن جەريانلىق بېجىرىش، ئالدىن كېلىشىپ تېز بېجىرىش» تىزىملاش، رويخەتكە ئالدۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى؛ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا قاتارلىق يۇقۇمدىن ساقلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ بازاردا قىس بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، تېز سۈرئەتتە تېز مۇلازىمەت قىلىش يولى ئېچىپ، دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ھالدا، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بەردى، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئارزۇسى بار كارخانىلارنىڭ يۇقۇمدىن ساقلىنىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى ياكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەردى. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، تەستىقلاش يېشىل يولى ئارقىلىق، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماسكا، مۇداپىئە كىيىمى، مۇداپىئە نىقابى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن كارخانا 27گە يەتتى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرى ئىچىدە يېڭىدىن بېجىرىپ تىزىملىغا ئالدۇرغىنى 776، نامىنى ئۆزگەرتكىنى 428، رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگىنى 218، نامىنى ئۆز ئالدىغا ئىلتىماس قىلغىنى 1268، «توردا بېجىرىش» بارلىق تىزىملاش كەسپىنىڭ %94.6 نى ئىگىلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى مەمەتجان ئابلا مۇنداق دېدى: «ھازىر دەل ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى، بىز يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىجازەتنامە بېجىرىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ۋاقتىنى ئىلگىرىكى ئون كۈندىن ئىككى كۈنگە قىسقارتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن كۈچ بىلەن توك سىمى، كابېل قاتارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى بويىچە ئىش باشلىغان مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەردۇق».

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كارخانىلارنى پائال قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. كارخانىلار يېڭىدىن قوبۇل قىلغان شىنجاڭلىق ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەربىر ئادەمگە 2400 يۈەن ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەلىنىش تولۇقلىمىسى بېرىدۇ؛ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرى قوبۇل قىلغان شىنجاڭلىق خادىملارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا، ھەربىر ئادەمگە 5000 يۈەن ئۆلچەم بويىچە، بىر يىلدا پەسلىگە بۆلۈپ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى بېرىدۇ؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى كىيىم - كېچەك، ئائىلە توقۇمىچىلىقى، ئىلمە توقۇمىچىلىق قاتارلىق تېرمىنال كەسىپلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا قارىتا، ھەر 50 ئىشچى - خىزمەتچىنى بىر نورما قىلىش نىسبىتى بويىچە ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، تولۇقلىما ئۆلچىمى ھەربىر كىشىگە ھەر يىلى 50 مىڭ يۈەن، تولۇقلىما بېرىش مۇددىتى ئۈچ يىل.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلارغا ياردەم بېرىپ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىش نىسبىتى %5.5 تىن يۇقىرى بولمىغان، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 30 (30نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن تۆۋەن سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارنىڭ خادىم قىسقارتىش نىسبىتى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ %20 دىن ئاشمىسا، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش تولۇقلىمىسى تارقىتىپ بەردى، تولۇقلىما ئۆلچىمى ئالدىنقى يىلى ئەمەلىي تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ %50ى بويىچە قايتۇرۇلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا %60 بويىچە قايتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1734 كارخانىغا 57 مىليون 503 مىڭ 800 يۈەن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش قايتۇرما مەبلىغى تارقىتىلغان.

نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ تېزدىن ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز بىر تەرەپتىن توردا قوبۇل قىلىش ئارقىلىق نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجلىرىنى ئالدىن ئېلان قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن 24 سائەتلىك نۇقتىلىق كارخانىلارنىڭ ئىشچى ئىشلىتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش - كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مۇلازىمىتى مەخسۇس خادىمى تەسىس قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىشچى ئىشلىتىش ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، 2 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 86 نۇقتىلىق كارخانىنىڭ 4338 ئىشچى ئىشلىتىش جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى.

يېقىنقى مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى يەنە كارخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، كەينىگە سۈرۈپ تاپشۇرۇش سىياسەتلىرىنى زىچ چىقىرىپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى زورايتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بەردى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)